# الإسلام

## بين الحقيقة والإدعاء

## (رد على أهم الافتراءات المثارة ضدالإسلام)

شارك في الإعداد (وفق الترتيب الأبجدي)
الأستاذ الدكتور أحمد شلبي
الأستاذ الدكتور أحمد عمر هاشم
الأستاذ الدكتور أحمد كمال أبوالمجد
الأستاذ الدكتور عبد الصبور شاهين
الأستاذ الدكتور عبد الصبور مرزوق
الأستاذ الدكتور محمود حمدي زقزوق
ترجمه إلى اللغة الأيغورية : سراج الدين عزيزي
مراجعة : عبد الجليل توران

مركز الترجمة الأويغورية

هۆرمەتلىك كىتابخان:

ۋەھيى نازىل بولغان تۈنجى كۈندىن زامانىمىزغا قەدەر ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام، مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىم ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان سەپسەتە ۋە ئىدىيەلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇردى. ئەلۋەتتە، يەنە شۇ ۋەھيى نازىل بولغان كۈندىن تا ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق بىرەر سەپسەتە ياكى ئىدىيە جاۋابسىز قالمىدى، جاۋابسىز قالدۇرۇلمىدى. ھالبۇكى، ئىسلامنىڭ قۇياشى قانچە پارلىغانسېرى، بۇ دىنغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەلگەن ھەرخىل دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي (گەرچە بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سىياسەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسىمۇ) ساھەدىكى شەخس ۋە كوللېكتىپلار ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار، يوللار ئارقىلىق دىنىمىزنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچ چىقىرىپ كەلدى. گېزىت- ژورنال، ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ئاتالمىش «مەدەنىيەتلىك» ئىنسانلار توپى ئىسلامدىن ئىبارەت ئىلاھىي ۋەھيىگە تايانغان، دۇنيا تارىخىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تېگىشلىك دەرىجىدە ھەسسە قوشقان بۇ دىننى ئاللاھنىڭ دىنى، قۇرئان كەرىمنى ئاللاھنىڭ كىتابى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى



www.munber.org

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئوبيېكتى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر دىن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشتىنمۇ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشتى. بۇ دىنغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىش، راستنى يالغان، يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، قولىدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل سەپسەتىلەر ئەجدادىدىن تارتىپ مۇسۇلمان ياشاپ كەلگەن مىللىتىمىزنىڭ بىر قىسىم «زىيالىلار» سېپىگە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەشۋىقاتنىڭ ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئاندا ـ ساندا سىڭىپ كىردى. مانا بۇ، كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر ئىلىم ئەھلىلىرىمىزدىن سىراجىددىن ئەزىزىنىڭ بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشىغا ۋە ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ كىچىككتۇرمەستىن نەشىر قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

قىسقىسى، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب «قۇرئان كەرىم» نى ”مۇھەممەدنىڭ ئىجادى“ دېگەن سەپسەتىدىن باشلاپ، ئىسلام قورال كۈچى ئارقىلىق تارقالغان، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئاياللارنى خارلايدۇ، ئىسلام فەتھى سىياسىي نوپۇزنى ئارتتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۇستەملىكە ھەرىكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس... قاتارلىقلاردىن ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار تېرورىست، ئىسلام دىنى تېرورلۇق



www.munber.org

دىندۇر.. دېگەنگە قەدەر ئۇنىڭغان سەپسەتىلەرگە كىرەكلىك مەنبەلەردىن دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق رەددىيە قايتۇرىدۇ. كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بىر ئەمەس، بىر قانچىلىغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇر ۋە زىيالىلىرى تەرىپىدىن تەييارلانغانلىقى بولۇپ، بۇ كىتاب مۇشۇ تىپتا هازىرغا قەدەر يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ تەرتىپلىك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان كىتاب هېسابلىنىدۇ. كىتاب هەجمىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي "ئىسلامغا قارشى تارقىتىلغان ئىغۋالارغا رەددىيە بېرىش" خۇسۇسىدا كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، خۇسۇسەن زىيالىلىرىنىڭ بۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. جانابى ئاللاھ هەممىمىزنى ئېتىقادى ساغلام، مەيدانى مۇستەهكەم مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن ـ ئامىن!

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

www.munber.org

﴿ لَآ إِكْرَاهَ فِى ٱلدِّينِ ﴾

﴿دىندا زورلاش يوق.﴾[1]

ئىسلام دىنى ھېچ كىشىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئۆزىنى ئۆزى مۇداپىئە قىلالايدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئىسلام دىن دۈشمەنلىرىنىڭ غالجىرلارچە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. خەلقئارادا كوممۇنىستىك تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، يوقىتىشقا تېگىشلىك يېڭى دۈشمەن ھېسابىدا مۇئامىلە قىلىندى. بەزى ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى غەرەزلىك ھالدا ئىسلام ۋە دۇنيادىكى بىر مىليارتتىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا ئارتىپ تۇرۇپ، دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى.

ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى كۈن نۇرىدەك روشەن. شۇنداقتىمۇ بەزىلەر بۇ ھەقىقەتكە كۆز يۇمىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ كۆز يۇمۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ئاساستا بۇ كىتاب ئۇسلۇبى ئاددى، مەنىسى چوڭقۇر قىلىپ يېزىلدى.

بىرىنچى، بۇ كىتاب ئىسلام ھەققىدىكى چۈشەنچىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. بۇ كىتاب قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت ئاساسلىق مەنبەگە تايىنىدۇ. ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئاساسلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ ئاساستا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي گەۋدىسى مۇئەييەنلىشىپ

[1] سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

بەزىلەرنىڭ غەرەزلىك ھالدا بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇشلىرى پاش قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، كىتابنىڭ ئاساسى مەقسىتى ئىسلام دىنىغا قارشى تارقالغان كونا ـ يېڭى ئىغۋالارغا تۈنجى قېتىم رەتلىك، ئىلمىي، دەلىل ـ ئىسپاتقا ئاساسلانغان ھالدا رەددىيە قايتۇرىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا دىنغا قارشى تۆھمەت ـ سەپسەتىلەرگە رەددىيە قايتۇرۇش ۋە مۇداپىئەلىنىش قالقىنى تۇتقۇزىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابتىن ھەر بىر ئىغۋا ئۈچۈن مۇئەييەن نۇقتىدا تەپسىلىي جاۋاب بېرىشنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلمىي قانائەتلەندۇرۇش مەنبەسىگە ئىگە بولالايدۇ.

كىتاب باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىخچام، ئاددىي، ئەمما ئىلمىي ئۇسلۇبتا يېزىلدى.

شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، كىچىك ھەجىملىك بۇ كىتاب ئاددى، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلدى، رەددىيە قايتۇرۇشقا مىسىرلىق داڭلىق ئالىملار، ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى كىتابنىڭ باش بېتىگە يېزىلدى، بۇ كىتاب ئەلئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مىسىر دارۇلئىفتا (فەتىۋا مەركىزى) كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بېسىلدى.

كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا ھەسسە قوشقانلارغا، پاك دىنىنى مۇداپىئە قىلىشقا ھەسسە قوشقانلىقى، دىنىنىڭ توغرا ئۇقۇمىنى ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ياخشى مۇكاپات ۋە ئەجىر ـ ساۋاب ئاتا قىلغاي!

www.munber.org

## مۇكەممەل ئىسلام چۈشەنچىسى

ئىسلام ئاممىباب خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاخىرقى ساماۋىي دىندۇر. ھەر دەرىجىدىكى كىشىلەر ئۇنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدۇ، تەلىماتلىرى بىلەن ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا ماسلىشالايدۇ.

ھەر قانداق كىشى:

لااله الا الله محمد رسول الله

«ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ شاھادەت ئېيتىش بىلەنلا مۇسۇلمان بولغان ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ھوقۇقلارغا ئىگە بولىدۇ، بەزى مەجبۇرىيەتلەر يۈكلىنىدۇ، مۇكەممەل دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۈزۈم كاتېگورىيىسى ئىچىدە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ماددىي ئېھتىياجلارغا رىئايە قىلىدۇ، ھەر بىر شەخس ۋە ئاممىنىڭ مەنىۋىي تەلەپلىرىنى قاندۇرالايدۇ.

كۆپ ۋاقىتلاردا ئىسلامنى خاتا ۋە كەمتۈك چۈشەنگەنلىكتىن كېلىپ چىققان كەمچىلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دەسلەپكى شەكلى، بارلىققا كېلىش تارىخىغا ئەگىشىپ تاكامۇللاشقان چۈشەنچىسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇشتا، پۈتۈنلەي بىۋاستە ئاساسى مەنبە بولغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.



www.munber.org

ئىسلام تۈت مەركىزىي ئاساسقا ئىگە، ئۇنىڭسىز ئىسلام چۈشەنچىسى مۇكەممەللەشمەيدۇ، تۈزۈمى مۇقىملاشمايدۇ. ئۇلار:

ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە قانۇن ـ تۈزۈمدىن ئىبارەت.

بىزگە مەلۇمكى، ئەقىدىنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ئۇ ئېتىقادتا ئاللاھنىڭ بىرلىكى، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىنات تۈزۈمىنى كونترول قىلغۇچى، سىرلىرنى بىلگۈچى، ئىبادەت قىلىنىش، يالۋۇرۇش، تەۋبە قىلىش ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشقا يالغۇز ھەقلىق... دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. ئاندىن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، نامە ـ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش، ئارقىسىدىن جازا ـ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشتەك ئەھۋاللارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر.

قۇرئان ۋە ھەدىس ئەقىدە پرىنسىپلىرىنى مۇنداق بەلگىلىدى:

ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قازا ۋە قەدەرگە (ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا)، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەقىدە ـ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇنلىششى، ئەقلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قەلبىدە قانائەت ھاسىل قىلىشى بىلەن قارار تاپىدۇ. بۇ يەردە زىكىر قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى، قۇرئان كەرىم ھەر ئىنساننى تارىخ، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرى، كائىنات ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئۈستىدە

www.munber.org

تەپەككۇر قىلىپ، ئەنە شۇ ئەقىدىنىڭ سەممىيلىكىدىن ئۆزى بىۋاستە قانائەت ھاسىل قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق قىلغاندا قەلبتىكى ئىمان كۈچلىنىپ، كۆڭۈلدە قانائەت ھاسىل بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئەقىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئون ئۈچ يىللىق ھاياتىدا كىشىلەرگە ئەقىدە ئۆگەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. قۇرئان كەرىمنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك ئەقىدە ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇنى تەكىتلەيدۇ. ئەنە شۇ ئەقىدە يولىدا ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار مەككە ئەھلىدىن بولغان مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا شېھىدلىق شارابىنى ئىچكەن. مۇشرىكلار ئۇلارنى بارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بىر ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ياندۇرۇپ بۇتلارغا چوقۇندۇرۇشقا ئورۇنۇپ باققان.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئەقىدىسى، مۇسۇلمانلارغا ھاياتنىڭ لەززىتىنى بېرىپ، غايىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاسمان ـ زېمىننى يوقتىن بار قىلغان قۇدرەتلىك ئاللاھقا يېلىنىپ يۈزلەنگەن ۋاقتتا ھەقىقەتەن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى پۈتۈن ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى توغرا ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، غەزىپىدىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. تەدرىجي ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا ئەخلاقي ۋىجدان، ياخشى ـ يامانلىق، پەزىلەت بىلەن رەزىللىككە



www.munber.org

بولغان ئىنتايىن سەزگۈر قاراشلار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ، دىندا «تەقۋا» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئىسلامدىكى ئىبادەتلەر: ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈكتۇر

ناماز ـــ دىنىنىڭ ئاساسى تۈۋرۈكى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى دۇئا قىلىش دېمەكتۇر. ئەمەلىيەتتە ناماز بىر تۈكۈم دۇئالار، بەلگىلىك ھەرىكەتلەر جەريانىدا (قىيام، رۇكۇ، سەجدە) تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. نامازنى يالغۇز ئادا قىلىشقىمۇ، جامائەت بىلەن سەپكە تىزىلىپ، ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئادا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى كۆپتۇر. بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەنلەردىن ئىبارەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش لازىم.

ھەر ھەپتە جۈمە كۈنلىرى مەخسۇس جۈمە نامىزى ئوقۇلىدۇ. بۇ نامازغا مەھەللە ئەھلىنىڭ ھەممىسى توپلىنىدۇ. ئالدى بىلەن «خۇتبە» ئوقۇلىدۇ، خۇتبىدە ئىمام مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش مۇھىم دەپ قارالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ، دىنغا مۇستەھكەم ئېسىلىش، ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراپ ئىستىغفار ئېيتىشقا چاقىرىدۇ.

لېكىن ناماز، روھىي مەزمۇندىن خالىي دۇئا، ھەرىكەتلەردىنلا ئىبارەتمۇ؟ ياق! ئىسلامدىكى ناماز، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، سىردىشىدىغان مۇناجاتتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان كەرىم شۇنداق

www.munber.org

زىكىر قىلىدۇكى، بەندە سەجدە ھالىتىدە تۇرغاندا پەرۋەردىگارىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱسْجُدْ وَٱقْتَرِب ۩ ﴾

﴿سەجدە قىلغىن، (شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن.﴾[1] قۇرئان كەرىم نامازنى مۇنداقمۇ سۈپەتلىگەن:

﴿ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنْهَىٰ عَنِ ٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ ۗ ﴾

﴿ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.﴾[2] دېمەكچى بولغىنى، ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇپ، سەممىي ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز ــ ناماز ئوقۇغۇچىنى چوڭ ـ كىچىك گۇناھ ـ مەئسىيەت (جىنايەت) لەردىن توسىدۇ. ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى (ئاللاھ) بىلەن سىردىشىپ چىقىپلا باشقا ناچار قىلىقلارنى، ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشى تەسەۋۋۇردىن يىراقتۇر.

قۇرئان كەرىم نامازنى سۈپەتلەپ، نامازنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى سەۋرچانلىق بىلەن يېڭىپ چىقىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱلصَّبْرِ وَٱلصَّلَوٰةِ ۚ ﴾

[1] سۈرە ئەلەق 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

﴿ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار.﴾[1] بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ناماز مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ، كۈندىلىك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تۈرتكە بولىدۇ، روھىي جەھەتتىن پۇرسەت يارىتىپ ئارامبەخشلىك ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئەززىن بىلالغا (ئاللاھ رازى بولسۇن!) «بىلال بىزنى راھەتلەندۈرگىن!» دەيتتى.

نامازنىڭ ئاساسىي شەرتى تاھارەت ياكى غۇسلى تاھارەت بىلەن بەدەننى تازىلاشتۇر. تەبىئىيكى، روھنى تازىلاشمۇ بەك مۇھىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىشارەت بېرىپ، بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىدىغان مۇسۇلماننى ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭدە كۈندە بەش ۋاقىت يۇيۇنغان ئادەمگە ئوخشاتقان ھەدىسى مۇشۇ مەنىنى ئىسپاتلايدۇ. كۈنىگە بەش ۋاقىت يۇيۇنغان كىشىنىڭ بەدىنىدە كىر قالمىغىنىدەك، ناماز ئادا قىلغۇچىنىڭ روھىمۇ تازىلىنىپ پاكلىنىدۇ. [بۇخارى، مۇسلىم]

ئۇنىڭدىن باشقا ناماز ــ دۇئا، ئىستىغفار، قەلب، ئەقىل، بەدەننىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، ھەركۈنى روھىي ئېنېرگىيەنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 153 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

روزا ـــ يىلدا بىرئاي (رامىزان ئېيىدا) تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ تا كۈن ئولتۇرغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، جىنسىي ئالاقىدىن پۇتۇنلەي ئۆزىنى تارتىش دېمەكتۇر.

بەزىلەر روزا ھەققىدە توختىلىپ: «روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت بايلارنىڭمۇ كەمبەغەللەر ھېس قىلغان ئاچلىق ئازابىنى ھېس قىلىشى ئۈچۈندۇر» دەيدۇ. لېكىن روزا، بايلار، كەمبەغەللەر ھەممىسىگە ئوخشاش پەرز قىلىنغان. بۇ مۇھىم ئىبادەتنىڭ تەبىئىتىگە يىل بويى ئادەتلەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش رېتىمىنى ئۆزگەرتىشتە ئالاھىدە رول ئوينىشى تەبىئىيدۇر. مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى يىلنىڭ باشقا ئايلىرىغا قارىغاندا رامىزاندا بىر خىل رېتىمغا كىرىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزى يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالغانلار (قەھۋە ئىچىش، تاماكا چېكىشتەك) رامىزاندىن كېيىنمۇ مەزكۇر ئادەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى ئاساسلىق نەرسە بولغان يېمەك ـ ئىچمەكتىن توختىغان يەردە مەزكۇر ئىللەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش تېخىمۇ مۇھىمدۇر.

بۇ يەردە بىزگە روزىنىڭ ئىككى ھېكمىتى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ:

بىرىنچىسى، مۇسۇلمان كىشىدە ئىنسانىي ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. ئىرادە دېمەك، ئادەمنى جەلپ قىلىپ، ئالداپ كېتىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىش قۇدرىتىدىن ئىبارەتتۇر. ئادەمنىڭ ئالدىدا

www.munber.org

يەيدىغان تائاملىرى ھازىر بولسىمۇ دىن تەلىماتى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنى تارتىپ، كونترول قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق، كىشىلەر ۋاقتى كەلگەندە ھالالدىن ئۆزىنى تارتىشتا غەلىبە قىلسا، ھارامدىنمۇ ئۆزىنى تارتىشتا غەلىبە قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى باتىل يول ئارقىلىق يەۋېلىش، باشقىلارنىڭ ئايالىغا نىيىتىنى بۇزۇش.

ئىككىنچى ھېكمەت شۇكى، روزا دىنىي ئاڭ (ئىنسانىي ۋىجدان) نى تىرىلدۈرۈشكە مەركەزلىشىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، روزا باشقا ئىبادەتلەر ئىچىدە سەلبىي تۈس ئالغان ئىبادەتتۇر. دېمەككىچىمىزكى، روزا تۇتقان مۇسۇلمانلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئۇنىڭ تەسىرى ناماز، زاكات، ھەجلەرگە ئوخشاش كۆرۈلمەيدۇ. ئەتىگەندە ناشتا قىلغان ئادەم بىلەن ھېچنەرسە يېمىگەن ئادەمنى كىم پەرق ئېتەلەيدۇ؟ روزا ئىبادىتىنىڭ مەخسۇس ئىمتىيازغا ئىگە، مۇسۇلمانلار بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى مەخسۇس ئىبادەت ئىكەنلىكى، ئۇنى روزىدار بىلەن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. روزىدا رىياكارلىق بولمايدۇ. رىيا ـــ باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە باشقىلارغا كۆرسىتىپ قىلىنغان ئىشلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ بىر ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىسىنىڭ روزىدىن باشقا پۈتۈن ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، روزا مەن ئۈچۈن. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى يەنىلا ئۆزۈم بېرىمەن.» [مۇسلىم]

www.munber.org

مۇسۇلمانلار روھىيىتىدە روزا ـــ دىنىي ئاڭ پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، باشتا دەپ ئۆتكەن «تەقۋا» نامى بىلەن ئۆز ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن خالىي ھالدا قىلغان ـ ئەتكىنىمىز، سۆزلىگىنىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزگە پۈككەن ئويلاردىن تارتىپ ئاللاھ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، دېگەن ھېس ـ تۇيغۇدىن ئىبارەتتۇر.

ناماز، روزا ئىبادىتىگە يەنە زاكات ۋە ھەجدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىبادەت ياندىشىپ كېلىدۇ:

**بىرىنچىسى مەخسۇس بايلار ئۈچۈندۇر.**

**ئىككىنچىسى يولغا قادىر بولغانلار ئۈچۈندۇر.**

زاكات ـــ ئەرەب تىلىدا ئۆسۈش، پاكلىنىش دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئىگىلىكى بىر يىل توشقان، ئۆز ئىگىسىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مالغا ئايرىپ بېرىلىدىغان ئاز بىر قىسىم مالدىن ئىبارەتتۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ يەردە ئىلاھىي ئادالەت بەكمۇ ئوچۇقتۇر. كۆڭۈلۈك كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇپ ھايات كەچۈرگۈچىلەرگە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. قول ـ ئىلكىدە مال ـ دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ، يىل بويى پۇل چىقىم قىلىپ تۇرغان ئادەمگە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. ئىگىلىكىگە بىر يىل توشقان، بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەن مال ـ دۇنياغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

زاكات توپلاش، تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن مەخسۇس ھەيئەت تەشكىللەشكە بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە زاكاتنى چىقىم قىلىش ئورۇنلىرىنى بەلگىلىدى. ھەممىسى موھتاجلارغا ياردەم قىلىش، كەمبەغەل ـ

www.munber.org

خەيرىيەت ۋەقپلىرىنى تەسىس قىلىپ كىرىمنى كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرگە، ھەتتا ھايۋانلار، ئۇچارقۇشلارغا خىراجەت قىلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. (قاھىرەدىكى ئەلئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇدۇلىدا «ئەبۇددەھەب» مەسجىدىنىڭ ئەزان خانىسى ئۈستىدە ئاغزى ئوچۇق چوڭ قاچىلارنى كۆرىمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قاچىلار كەپتەر، قۇشقاچلارغا ھەر تۈرلۈك دان، سۇ بېرىش ئۈچۈن ياسالغان ئىكەن.)

زاكات ئىقتىسادىي جەھەتتىن قول ئىلكىدە بار ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغان بولسا، ئىبادەت ساھەسىدە تۆتىنچى ۋە ئاخىرقى ھەج ئىبادىتىمۇ ھاياتتا بىر قېتىم يول ئامانلىقى، ئىقتىسادىي تەرەپلەردىن قادىر بولالىغان مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.

ھەج ــ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۈندە بەش ۋاقىت نامىزىدا يۈزلىنىدىغان مەركىزى (قىبلىگاھى)، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاساسىنى قۇرغان ئاللاھنىڭ بەيتى ــ كەئبە ئورۇنلاشقان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە سەپەر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەج ئىبادىتى، بىرنەچچە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇھىملىرى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئاللاھ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك ئىزھار قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن سان ـ ساناقسىز نېئمەتلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرگەن ھالدا كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەج مەۋسۇمىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئورتاق ئىبادەت، بىر غايە ئۈستىدە

www.munber.org

ئۆچرىشىپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلەشكەن هالدا بىر يەرگە توپلىشىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرىدۇ، دوستلۇق رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، ھەمكارلىق ئاساسلىرىنى بەلگىلەيدۇ. تەبىئىيكى ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئادەم دېڭىزى ئىچىدە ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ نە قەدەر شەرەپلىك، نە قەدەر ئۇلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەنە شۇ توپ ـ توپ كىشىلەر بىرلا غايە، بىرلا نىدا (چاقىرىق) ئۈچۈن يىغىلغان بولۇپ، بىر شەخستىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ كەڭ چەمبىرەك مۇكەممەللەشكەن، ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ:

﴿ وَمَآ أَرْسَلْنَـٰكَ إِلَّا كَآفَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴾

﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.﴾[1]

﴿ قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا ﴾

[1] سۈرە سەبەئ 28 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللّٰه تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن.»﴾[1]

ئىسلامدىكى ئىبادەتلەر مانا مۇشۇنداق ئۆزى ئاددىي، ئەمما سىجىللىقتا ۋە بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. مەزكۇر ئىبادەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكى، داۋاملىق قورقۇپ، چەكسىز رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار ئارىسىنى پەرۋەردىگارى بىلەن باغلايدۇ. ئادەتتە نامىز مەھەللە ئەھلى قاتناشقان ھالدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. روزا ــ مۇسۇلمانلارنى قولى ياكى تىلى ئارقىلىق باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن توسىدۇ. زاكات، ھاجەتمەنلەرگە رەھىمدىللىك قىلىپ ساخاۋەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاخىرىدا، ھەج ــ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستلۇق سەمۋولىنى ئىپادىلەيدىغان، تىل، جىنس ئىختىلاپىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان چوڭ بىر قۇرۇلتايدۇر.

مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئەقىدىسى، دىنىي پائالىيەتلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىشى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق بىر ئەزاسى بولۇشقا لاياقەتلىك بولىدۇ. لاياقەتلىك ئەزا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي ئىلھامى بىلەن پۈتۈن رەزىللىكلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ۋىجدانىي ئىلھامى بىلەن پەزىلەتلەرگە چىڭ ئېسىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىرەر

[1] سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەت.



www.munber.org

رەئىس ياكى باشلىقنىڭ كۆزەتچىلىك قىلىشىغا موھتاج بولمايدۇ.

## ئىسلامنىڭ ئۇچىنچى ئاساسى ــ ئەخلاق

ئەخلاق ــ ئەرەبچىدىكى «خۇلۇق» نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئاددىيلا ئۇقۇمى ھېسسىيات، سۇلۇكتىن ئىبارەتتۇر. ھېسسىيات، نىيەت، ئىرادە، مەقسەتتىن ئىبارەت بولسا، سۇلۇك ئىنساننىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئېنىقكى، ھېسسىيات سۇلۇكنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام ئەنە شۇ ھېسسىياتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىنتايىن ياخشى شەكىلدە يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ قۇرۇلۇش ئەقىدىگە باغلانغان بولۇپ، داۋاملىق قىلىدىغان ئىبادەتلەر بىلەن يېتىلدۈرۈلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ نىيىتى داۋاملىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەل باغلاشقا يۈزلىنىدۇ. چۈنكى بەندە داۋاملىق ئاللاھ ماڭا كۆزەتچىدۇر، ئىچكى دۇنيالىرىمدىن تارتىپ بىلىدۇ دېگەن چۈشەنچىدە بولىدۇ.

لېكىن ئەخلاق ئادەمنىڭ سۇلۇكىدىلا كۆرۈلىدۇ، بۇ سۇلۇك، باشقا شەخسلەردىمۇ بولۇشنى، ئۇلار بىلەن ئۆز ئارا ئالاقە دائىرىسى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق ئېيتىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ تەسەررۇپلىرى، ئايلىنىدىغان ئالاقىلار ئاساسلىق ئائىلە ۋە قوشنا، دوستلار، خىزمەتداشلار، مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئۈچ كاتېگورىيە ئىچىدە ئايلىنىدۇ.

www.munber.org

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئالاقىسىدا، ئىسلامي تەبىر بولغان «سىلە ـ رەھىم» بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: دوستلۇق، مېھرىبانلىق، ياردەمدە بارلىق تۇغقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

تۇغقاندارچىلىقتا ئاتا ـ ئانا ئىنتايىن مۇھىم، ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ دادىسىنى بېقىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دېگەن: «أنت ومالك لأبيك» «سەن ۋە سېنىڭ مېلىڭ داداڭنىڭدۇر.» (ئىبنى ماجە ۋە تەبەرانى رىۋايىتى) ئەمما ئانا ئۈچۈن باللىق بۇرچىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيەت بولۇپ، مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق قىلىش باللىنىڭ بۇرچىدۇر. «الجنة تحت أقدام الأمهات» «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدىدۇر.» (ئىبنى ماجە، تەبەرانى رىۋايىتى) ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش مۇتلەق ۋاجىپتۇر. ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىمىسىلا، باشقا ھەرقانداق بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇش لازىمدۇر.

بىز ئىسلام تەلىماتىنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بولغان رەھىمدىللىكىنىڭ قىممىتىنى يېقىنقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان «دارىل ئاجىزىن» ئورگانلىرىدىن ھېس قىلىۋاتىمىز. بەزىبىر ئەۋلادلارنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئىگە ـ چاقىسىزلارنى باقىدىغان دارىلئاجىزىندەك ئورۇنلارغا تاشلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن ئۇنداق ئورۇنلار ئىسلام تەبىرى بويىچە «سىلە ـ رەھىم» رىشتىسى ۋە مېھرىنى ھېچقاچان بىغىشلىيالمايدۇ.

www.munber.org

ئىسلام، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا، بارلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. ئايالىنىڭ چىقىمىنى قىلىپ بېرىش، ماددىي ئېھتىياجىنى قامداش، ھەتتاكى ئايالىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆي ئىچىدە ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە ئىسمى بىلەن چاقىرماستىن «ئانىسى!» دەپ چاقىرىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام مەجبۇرىي زورلاپ توي قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. نىكاھ ئىشىدا ئوغۇل ـ قىز تاللاش ھوقۇقىدا تامامەن ئەركىنلىككە ئىگە. ئۇلار يەنە ياخشىلىق ۋە نورمال تۇرمۇشتا ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئەگەر ئۇز ئارا كېلىشەلمەسلىك سەۋەبى بىلەن تۇرمۇش قىيىنلاشسا، ئاخىرقى چارە تالاقتۇر. شۇنداقتىمۇ ئەر مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى كېرەك. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِ ۖ فَإِمْسَاكٌۢ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌۢ بِإِحْسَٰنٍ ۗ

﴾

﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم.﴾[1]

بەزىدە قىزلارنى كۆڭلى يوق كىشىلەرگە مەجبۇرىي ئۇيلەپ قويۇش، بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىشى، تالاقنى سۇيىئىستېمال قىلىش ۋەقەلىرى كىشىلەرنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

تەبىئىتىدىكى نورمالسىزلىق، بەلكى مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپ، ئىسلام بۇنداق ئىشلارغا يول قويمايدۇ، ھەم شۇنداق قىلىش توغرۇلۇق تەلىماتمۇ يوقتۇر.

قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئەخلاق ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلارغا بۇنىسى ئېنىق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مازال جبريل يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورثه «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە داۋاملىق تەۋسىيە قىلىپ كەلدى. ھەتتاكى مەن بىر - بىرىگە مىراسخورلۇق ھوقوقىنى بېرەمدىكىن دەپ قالدىم.» بۇنداق دېگەنلىك، قوشنا ئائىلىنىڭ داۋامى دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلار قوشنىسى كېسەل بولسا يوقلاش، مۇسىبەت يەتسە تەسەللىي بېرىش، خۇشاللىقىغا قوشۇلۇش، ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ تۇرۇش، ھەدىيە - سوۋغاتلارنى بېرىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئەنە شۇ ئالاقىغا ھۆرمەت قىلغاندا ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى مەھەللە جامائىتىنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ. بۇ ئېسىل ئۆرنەكنى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن بىرىگە ساياھەت قىلغان چەتئەللىك ساياھەتچى مۇلاھىزە قىلالايدۇ.

گەرچە «شەھەر» نىڭ زامانىۋىي تۇرمۇشى، بېكىنمىلىك ئامىللىرى تۈپەيلى ئىسلامدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، يېزا ئاھالىلىرى بۇ خىسلەتنى ئېسىل ئەخلاق ھەمدە ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە ساقلاپ كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار دوست - بۇرادەرلىرى،



www.munber.org

خىزمەتداشلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا ياخشى ئەخلاقتا بىر ـ بىرىگە ئۈرنەك بولۇشلىرى لازىم. بۇھەقتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

«المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا» «مۆمىن مۆمىن ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قۇرۇلۇشقا ئوخشاشتۇر» دېگەن ئەمەسمۇ؟! باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈستىگە قويالايدىغان بولۇش ئاللاھ يولىدىكى ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «لايؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه» [بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەنبەل] تەرجىمىسى: «ئۆز نەپسىگلارغا ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىڭلارغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر.» راستچىللىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، ھاجىتى چۈشكەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ھېچ بولمىغاندا توغرا مەسلىھەت بېرىش، دوستلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا داۋاملىق تىرىشىش ھەقىقىي دوسلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۆلچىمى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىس روھى ئاستىدا بولۇشى كېرەك: «المسلم من سلم المسلمون من لسانه ويده» [مۇسلىم] تەرجىمىسى: «مۇسۇلمان شۇنداق بىر كىشىدۇركى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.» يەنى ھەقىقىي مۇسۇلمان قولى ياكى تىلى ئارقىلىق ھېچكىشىگە ئازار بەرمەيدۇ. مۇشۇ كاتېگورىيە ئىچىدە يول

www.munber.org

ئۈستىدىكى تاش ـ تىكەن، ئەخلەت ـ چاۋالارنى يولدىن ئۆتكەنلەرگە ئازار بولماسلىقى ئۈچۈن ئېلىپ تاشلاش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى، بەلكى ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش كۆرۈنۈشتە سەلبى كۆرۈنسىمۇ نۇرغۇن ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بار. مەسىلەن، يولدا كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىش، سالام قىلغانلارغا ياخشىراق سالام قايتۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن رۇخسەت سوراش، يات ئاياللاردىن كۆزنى ساقلاش، گەپ تالاشقاندا جېدەللەشمەسلىك، ھېكمەت بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، مېھمانغا ھۆرمەت قىلىش، ئاچ قالغانلارغا يېمەك بېرىش ۋە ئۆي ـ ماكانسىز قالغان غېرىپ ـ مۇساپىرلارنى قوندۇرۇپ، مېھمان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئاساسەن خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قانداق ھوقۇق بېرىلسە، ئۇلارغىمۇ شۇنداق ھوقۇق بېرىلدۇ، مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرمۇ ئوخشاشلا يۈكلىنىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ئىبادەتلىرىنى ئەركىن قىلىدۇ، مەزكۇر دىنىدىكىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى يېگىلى بولىدۇ، قىزلىرىنى نىكاھلاپ ئېلىشقا بولىدۇ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن مۇنازىرىلىشىش كېرەك. ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ. (ئەمما مۇشرىك ياكى دىنسىزلارنىڭ يېمەكلىرىنى يېيىش، قىزلىرى بىلەن نىكاھلىنىش توغرا ئەمەس ـ تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام

www.munber.org

ئۆرۈشتا كىيدىغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى بىر يەھۇدىيغا گۆرەگە قويغان هالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە مارىيە ئانىمىز قىبتى مىللىتىدىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى ئىبراھىم شۇنىڭدىن تۇغۇلغانىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، ناسارا) لارنىڭ كەمبەغەللىرىگە مۇسۇلمانلار خەزىنىسىدىن پۇل ـ مال بەرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ مولla ـ راھىبلىرىدىن باجنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ئىسلام تارىخى بويىچە پادىشاھ ۋە خەلىپىلەرنىڭ دوختۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىي، خرىستىئانلاردىن ئىدى. ئىسلام مەدەنىيتى ئۇلارنىڭ پاراۋان تۇرمۇشتا ياشىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. لېكىن كېيىنكى چېكىنىش ۋە مۇتەئەسسىپلىك، ئىسلام روھىدىن يىراق بەزى دەۋرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ھېچقانداق يامان مۇئامىلە قىلمىغان.

ئىسلام ئەخلاقى پەقەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا مۇئامىلە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، هايۋانلار، تەبىئەت دۇنياسى، ئۈسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قۇرئان كەرىم نەزىرىدە يەر ـ زېمىن ۋەيران قىلىش مەيدانى ئەمەس، بەلكى گۈللەندۈرۈش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئورنىدۇر. دېڭىز ـ ئوكيانلار ھەربىي مانىۋېر ساھەسى ئەمەس، ئادەم، ماللارنى توشۇيدىغان، ياخشى يېمەكلىكلەرنى چىقىرىدىغان جايدۇر.

www.munber.org

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ھالىتىدىمۇ دەرەخلەرنى غاجاشقا،جىددىي ئېھتىياجدىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېسىشكە رۇخسەت قىلمىغان. ئىسلام دىنى ھايۋانلارغىمۇ بەك مېھرىبان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشقا سېلىشىنى چەكلىگەن. مەسىلەن، ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار ئۈسۈشتۈرۈشتەك ئىشلار قەتئىي چەكلەنگەن. رەسۇلۇللاھ بىر قۇشقاچنىڭ قانتىنى لەپىلدىتىپ پەس ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ: «كىم بۇنىڭ بالىسىنى تارتىۋېلىپ قورقۇتتى؟ ئۇنىڭ بالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!» دېگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بىر ئايال مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، يەيدىغان نەرسە ياكى سۇ بەرمەي، ئۆلتۈرۈپ قويغاچقا، ئۇ ئايال دوزاخقا كىرىپ كەتتى.» [بۇخارى، مۇسلىم]

رەسۇلۇللاھ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇسسۇزلۇقتىن قۇدۇققا چۈشۈپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، بىر ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تۇپىنى يالاۋاتقىنىنى كۆرگەن ۋە: بۇ ئىتمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇسساپتۇ دەپ، قۇدۇققا قايتا چۈشۈپ، ئۆتۈكىگە سۇ توشقۇزۇپ چىقىپ ئىتقا بەرگەن بىر ئادەمنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان.» [بۇخارى، مۇسلىم]

بۇ پەقەت ئىسلام ئەخلاقىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا بىز دەيمىزكى، ئىسلام ئومۇمىيۈزلۈك ئەخلاق دىنىدۇر.

www.munber.org

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن ئىسىل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دەپ تەكىتلىگەن. (ئىبنى ھەنبەل، مۇۋەتتا مالىك) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەققىدە: «مېنى رەببىم ياخشى تەربىيلىدى» دەيدۇ. (ئىبنى سەمئانىنىڭ «ئەدەبۇل ئىملائ» دېگەن كىتابىدىن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى (مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى) ئائىشە (ئاللاھ رازى بولسۇن!) رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغاندا: «ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. (ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەنبەل) بۇنىڭدىن مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەمەلىي ھاياتىدا قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان بارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزىدە مۇكەممەل مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن شۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى يۈكسەك پەزىلەت، سىمۋول خاراكتېرلىك بولۇشىغا قارىماي، ئىنسان ھاياتىدا داۋاملىق ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇناسىپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى (ئاللاھ رازى بولسۇن!) كىچىك چېغىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىكەن، رەسۇلۇللاھنىڭ سەجدە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دۈمبىسىگە مىنىۋالغان، رەسۇلۇللاھ ھەسەن دۈمبىسىدىن چۈشكىچە سەجدىدە ئۇزۇن تۇرغان، نامازدىن پارىغ بولغاندا، بەزى ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! سەجدىنى ئۇزۇن قىلدىڭىزغۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا: «نەۋرەم ئۈستۈمگە مىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئالدىراپ

www.munber.org

چۈشۈرۈۋەتمەي دەپ شۇنداق قىلدىم» دېگەن. [نەسەئىي، ئىبنى ھەنبەل]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەرگە رەھىمدىللىك قىلمىغان ئادەمگە ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ» دېگەن سۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. [مۇسلىم]

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىدا ئەخلاق شەخسنىڭ سۇلۇكىنىڭ ھەممە تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ، «ئاللاھتىن قورقۇش، تەقۋالىق قىلىش» ئاساسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ ئادىل پادىشاھتۇر، ھېچكىمگە تېرىقنىڭ دانىسىچە زۇلۇم قىلمايدۇ، شۇ ئاساستا ئەخلاقىي ھاياتنىڭ ئۈلى ئىلاھىي چارە - تەدبىر بولۇپ، يامان ئىش قىلغانلار مۇۋاپىق جازاغا تارتىلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار بولسا، نەچچە ھەسسىلەپ ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

## ئەمدى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنى (تەشرىئ) دىن ئىبارەت تۆتىنچى ئاساسى ھەققىدە توختىلىمىز

بۇ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەرىئەت ــــ كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇن - تۈزۈملەردىن ئىبارەت بولۇپ، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جازا قانۇنى، ئىجرائىيە ئىشلىرىنى بەلگىلەيدىغان پرىنسىپلارمۇ بۇنىڭغا داخىلدۇر.



www.munber.org

ئىسلام شەرىئىتى مەزمۇنى مول، تۈرى كۆپ بىر تۈزۈمدۇر. «فىقھى ئىلمى» بۇ تۈزۈملەرنى بارلىق ئىبادەت (ئادا قىلىش شەكىللىرى بىلەن)، مۇئامىلە ئىشلىرى (مالىيە ئىشلىرى، مەسىلەن: ئېلىم ـ سېتىم، گۆرەگە قويۇش، كاپالەت تۈزۈمى ۋە باشقىلار...) شەخسىي تۇرمۇش (مەسىلەن: توي قىلىش، تالاق، مىراس) قا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدۇ.

قانۇنشۇناس ئالىملار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادالەت ۋە ئەپۇ قىلىش، كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە رىئايە قىلىش، قىيىن ياكى ئەقىلگە سىغمايدىغان بۇيرۇقلار بىلەن كىشىلەرنى قىستىماسلىق تەرەپلەردە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېسىپ ئېيتىمىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ كونا مەدەنىيەتكە ساھىب، قەدىمىي تۈزۈملەرگە ئىگە بولغان دۆلەتلەردىمۇ كەڭ تارقىلىش ۋە مۇقىملىشىشىدا يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بار.

ئىسلام شەرىئىتى شەخسىي، ئائىلىۋىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەرەققىي قىلغان سىياسىي جەمئىيەت، گۈللەنگەن ۋە تەكشۈلاشقان ئىقتىسادىي ھەرىكەتكە كاپالەتلىك قىلغۇدەك ئاساسىي پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىسلامىي تۈزۈم ئاستىدا ھەر قانداق شەخسكە ھاياتى، ئەقىدىسى(دىنى)، شەرىپى، مال ـ دۇنياسىنى ھىمايە قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ئائىلىگە نىسبەتەن كىملىكى، خۇسۇسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ئايال كىشى ئۆز جۈپتىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە، توي قىلىشتا ماقۇل بولۇش ـ

www.munber.org

بولماسلىق ھەقتى بولغاندەكلا، تويى قىلغاندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمۇ ئىگىدۇر.

ئىسلامىي جەمئىيەتتە سىياسەتنىڭ بەلگىلىك غايىلىرى بار، مۇھىمى جەمئىيەتتە باراۋەرلىك، ئادالەت، ئامانلىق ۋە مۇقىملىق تۇرغۇزۇش، دىن تەلىماتىنى ئىچكى ـ تاشقى ھەسەتخورلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ھىمايە قىلىشتۇر. سىياسەت ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىمى «شۇرا» (يەنى مەسلىھەت كېڭىشى) دۇر. بۇنىڭغا جەمئىيەتنىڭ بارلىق تەبىقىسىنىڭ ھەسسە قوشۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ ئاساسى شەخسىي ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەرىكەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يوللۇق رىقابەتكە تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ ئۇسۇلى (جازانە) نى ھارام قىلىشتا بەزى قائىدە ـ تۈزۈملىرى بار بولۇپ، بازارنى مونوپول قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆز بويامچىلىقتا قارشى تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا يوقسۇل ـ مىسكىنلەر ئۈچۈن كېرىم مەنبەسى بولغان زاكات ـ سەدىقىلەرنى قوشقاندا ئىسلامدا ئىقتىسادىي تۈزۈم ئەڭ يوقىرى سەۋىيەدىكى تۈزۈم بولغاندىن سىرت، ئالاھىدە ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي تۈزۈمدۇر.

ئىسلامدىكى جىنايى ئىشلار جازا قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە شەرىپىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كەسكىن جازالار بار. شۇنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئىسلام دىنى يۈكسەك سەۋىيەدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان،

www.munber.org

يامان تەسىر كۆرسەتتىدىغان ئېغىر جىنايەتلەر ئۈچۈن مۇناسىپ جازا بەلگىلىگەن، كىچىك ۋە ئاددىي جىنايەتلەرگە ھەر بىر جەمئىيەت ئۆزلىرىنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا قاراپ جازا قوللىنىشىغا تاپشۇرغان. بۇ «تەزىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بەلگىلىگەن جازالار بەشتۇر:

**1** ـ قاتىللىق (قەستەن، ياكى سەھۋەن بولسۇن).
**2** ـ بۇلاڭچىلىق، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىش.
**3** ـ ئوغرىلىق.
**4** ـ زىنا.
**5** ـ باشقىلارغا قارا چاپلاش (تۆھمەتخورلۇق).

ئىسلام جازا قانۇنى ھەققىدە ئىككى تۈرلۈك مۇلاھىزە بار:

بىرىنچىسى، جىنايەت سادىر قىلىپ ئەيىپلەنگەن جاۋابكارنىڭ دىلوسىنى قاتتىق ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش، جازا قوللىنىشتا ئىجرا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق گۇمان قويماسلىق كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىلودا گۇمان پەيدا بولغان تەقدىردە مۇمكىن بولسا، ھەرگىز ئىجرا قىلماڭلار!» بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىسلام ئىمكانقەدەر جازا قوللانماسلىق تەرەپدارىدۇر.

ئىككىنچىسى، ئىسلام جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا بىر قەدەر قاتتىق قوللۇق بارىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئىسلام جازانى جىنايەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. ئىلگىرى دەپ ئۆتكەن جىنايەتلەر ئۈستىدە توختىلىدىغان بولساق، جەمئىيەت ھوقۇقىغا ئوچۇق قىتىن ـ ئوچۇق تاجاۋۇز قىلغانلىق، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ.

www.munber.org

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جىنايەت سادىر قىلغانلارغا ئىسلام جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەڭ ياخشى نەتىجە بەرگەن. شەرىئەت قانۇنى ھەقىقىي ۋە ئەمەلىي تۈردە ئىجرا قىلىنغان جايلاردا جىنايەت، دىلو سادىر بولۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن.

ئاخىرىدا شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئىسلام قانۇنىدا جىنايەت ۋە جازا مەسىلىلىرى ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. كۆپ قىسمى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىشقا قاراپ كېڭىيىدۇ. باشقا جەمئىيەتلەردىن ئۆزگىچە ئىمتىيازغا ئىگە بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەخلاقىي تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. گەرچە ئىسلام شەرىئىتى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت بەلگىلىگەن مۇئەييەن ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئوخشاش بولمىغان مۇھىت، زامان، ماكان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ جەمئىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا يېڭى ھۆكۈملەرنى چىقىرىشقا يول قويىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆزگىچە ئامىباپلىق، يۇمشاقلىق مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، ھەر زامان ۋە ماكان ئېتىبارى بىلەن تەرەققىي قىلىش، جانلىنىش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگىدۇر.

شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، ئىلگىرى ئۆتكەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دىنى باشقا مەزھەپلەردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدىغان مەزھەپ ئەمەس، ياكى ئۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىدىغان دۆلەت قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ خەلقئارالىق دىن



www.munber.org

كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇقاتلارنى ياراتتۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ (ھېكمەتلىك ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.﴾①

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجْرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ ﴾

﴿كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ.﴾②

﴿ لَا ٱلشَّمْسُ يَنۢبَغِى لَهَآ أَن تُدْرِكَ ٱلْقَمَرَ وَلَا ٱلَّيْلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِ ۚ وَكُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴾

﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى مۇئەييەن پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.﴾③ ئاللاھ يەنە مۇنداق دېگەن:

① سۈرە مۆمىنۇن 12 ـ 14 ـ ئايەتكىچە.
② سۈرە رەئد 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ياسىن 40 ـ ئايەت.



www.munber.org

بۇنى چەكلەيدۇ. قوپاللىق، يىرىكلىكتە ئادەتلەنگەن كىشى تۈرمىۋش قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ياخشى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك كېلىدۇ.

## «ئىسلام باشقا دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىگە قارشى، چۈنكى دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدكە ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ» دېگەن سەپسەتە

بۇ ئاساسسىز قۇرۇق دەۋادۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ ﴾

﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى.﴾[1]

دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوبۇل قىلىش باشقا دىنلارنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَكُمۡ دِينُكُمۡ وَلِيَ دِينِ ﴾

﴿سىلەرگە ئۆز دىنىڭلار كېرەك، ماڭىمۇ ئۆز دىنىم كېرەك.﴾[2]

[1] سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە كافىرۇن 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

بۇ ئايەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، سىز ئىسلام ئەخلاقىدا باشقىلارغا ئۈرنەك بولۇشىڭىز كېرەك. ئىسلامغا ھېكمەت بىلەن چاقىرىپ، ياخشى نەسىھەت قىلىپ، چىرايلىق گەپ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، سوغۇق قانلىق بىلەن قانائەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىن ياخشى ئۇسۇل يوق. ھەممە گەپلىرىڭىز ئەقلىي دەلىل، توغرا مەنبەگە ئاساسلىنىشى كېرەك.

بىز بۇ كىتابتا ئىسلامنىڭ مۇكەممەل چۈشەنچىسىنى ئاددىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتۇق. ئىسلامغا قارشى تۆھمەتلەرگىمۇ دەلىل ـ ئىسپات بىلەن رەددىيە قايتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتۇق.

بۇ كىتابنى كۆرگەن غەيرى مۇسۇلمانلارغىمۇ شۇنداق جاكارلايمىزكى، ئەگەر ھەقىقىي مەقسىتى ھەقىقەتكە يېتىش بولسا، ئۇلار كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن ئىسلام ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەقىقەتنى ئىزدەشكە تىرىشىپ كۆرسۇن. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەت قوغلايدىغان، ئەتراپىغا ئادەم توپلاشقا تىرىشىدىغان سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەزھەپ ئەمەس، بەلكى ئىلاھى دىن بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايىتى (توغرا يولغا مېڭىشى) ئۈچۈن، بارلىق ئىنسانلارنى ھەيرانلىق، زۇلمەت، قاراڭغۇلۇقتىن، ئەبەدىي بەخت ـ سائادەت ۋە كامالەتكە يەتكەن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان يېگانە ۋە ئاخىرقى ساماۋىي دىندۇر.

ئى ئاللاھ! بىزنى سېنىڭ سۆزۈڭگە كۆڭۈل قويىدىغان ۋە ئەڭ ياخشى ئەگىشىدىغانلاردىن قىلغايسەن!



www.munber.org

